# بەش ئۇقىيەگە يەتمىگەن كۈمۈشكە «بەش ئۇقىيە ھازىرقى 595 گىرامغا تەڭ» زاكات كەلمەيدۇ. بەش تۆگىدىن ئاز چارۋىغا زاكات كەلمەيدۇ. بەش ۋەسەقكە يەتمىگەن ئاشلىققا ئۆشرەچىقىرىلمايدۇ

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش ئۇقىيەگە يەتمىگەن كۈمۈشكە «بەش ئۇقىيە ھازىرقى 595 گىرامغا تەڭ» زاكات كەلمەيدۇ. بەش تۆگىدىن ئاز چارۋىغا زاكات كەلمەيدۇ. بەش ۋەسەقكە يەتمىگەن ئاشلىققا ئۆشرەچىقىرىلمايدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

زاكات بايلاردىن كەمبەغەللەرگە غەمخورلۇق قىلىش ھىسابلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پۇل-مېلى ئاز بولۇپ باي سانالمايدىغان كىشىدىن زاكات ئېلىنمايدۇ. شەرئەت نازىل قىلغۇچى زاكات بەرگۈچىنىڭ ئىقتىسادىغا تۈۋەن چەك بەلگىلەپ بەردى. بۇنىڭدىن ئاز ئىقتىسادى بار كىشىگە زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، ئۇ كەمبەغەل ھىسابلىنىدۇ. كۆمۈش ساقلىغان كىشى 595 گىرامدىن تۆۋەن كۆمۈشكە ئىگە بولسا ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ تاكى 595 گىرامدىن ئاشمىغۇچە. چارۋا باققۇچىنىڭ مېلى 5 ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولمىغۇچە زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ. مىۋە، ئاشلىقتىن ھوسۇل ئالغۇچىنىڭ ھوسۇلى بەش ۋەسەققە يەتمىسە « بىر ۋەسەق 122.5 كىلو گىرام، ئومۇمىسى 612،5 كىلو گىرام» ئۇنىڭغا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ ھەتتاكى ئۇنىڭ ھوسۇلى 612 كىلوگىرام ۋە ئۇنىڭدىن ئاشقۇچىلىك.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4547